بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

51- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/02/17

مىلادىيە: 2018/10/26

ئىسلام ئاۋازى
ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

t.me/@tipislamawazi

t.me/@eserler

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِيْ مَسْعُودٍ عُقْبَةَ بْنِ عَمْرِو الأنصَارِي رضي الله عنه قَالَ: «لَمَّا نَزَلَتْ آيةُ الصَّدَقَةِ كُنَّا نُحَامِلُ عَلَى ظُهُورِنَا، فَجَاءَ رَجُلٌ فَتَصَدَّقَ بِشَيءٍ كَثيرٍ، فقالوا: <مُراءٍ>. وَجَاءَ رَجُلٌ آخَرُ فَتَصَدَّقَ بِصَاعٍ، فقالُوا: <إنَّ اللهَ لَغَنِيٌّ عَنْ صَاعِ هَذَا!> فنَزَلَتْ: ﴿الَّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوِّعِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذِينَ لا يَجِدُونَ إِلا جُهْدَهُمْ﴾ (التوبة: 79)» (مُتَّفَقٌ عَلَيهِ).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ مەسئۇد ئۇقبە ئىبنى ئەمىر ئەنسارى رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سەدىقە ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغان چاغدا، بىز ئۇلاغلىرىمىزنى باشقىلارنىڭ يۈكلىرىنى توشۇشقا كىراغا سېلىپ، پۇلىنى سەدىقە قىلاتتۇق. بىر كىشى كېلىپ كۆپ نەرسە سەدىقە قىلغانىدى، ھېلىقىلار (مۇناپىقلار): <ئۇ رىياخور> دېيىشتى. يەنە بىر كىشى كېلىپ (يېمەكلىكتىن) بىر سا سەدىقە قىلغانىدى، ھېلىقىلار: <الله ئۇنىڭ بىر سا نەرسىدىن بىھاجەتتۇر> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن <(مۇناپىقلار) مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ> (سۈرە تەۋبە 79 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

سەدىقە ـــ كىشىنىڭ الله رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆز مال ـ مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلىشىدۇر. بۇنىڭ «سەدىقە» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، الله يولىدا مال چىقىم قىلىش بولسا كىشىنىڭ اللهقا بولغان ئىمانىدا راستچىللىقىغا دەلىلدۇر چۈنكى مال كۆڭۈللەرگە ئىنتايىن مەھبۇب (سۆيۈملۈك) نەرسىلەردىن بولۇپ، الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مالنى (ھېرىسلىك بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر» (سۈرە فەجر 20 ـ ئايەت). شۇنداقلا، ياخشى كۆرۈلگۈچى نەرسە شۇ ياخشى كۆرۈلگۈچىدىن تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولغان زات ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدۇ شۇڭا كىشىنىڭ الله رازىلىقىنى كۆزلەپ، شۇ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى چىقىم قىلغانلىقى بولسا ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ راستلىقىغا دەلىل بولىدۇ. مۇشۇ ئايەت نازىل بولغاندا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەس ـ بەستە سەدىقە تاپشۇرۇشقا ئالدىراشتى، مانا بۇ ـــ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىدى. يەنى، قۇرئاندا قانداق بۇيرۇق كەلسە دەرھال ئىجرا قىلىش ۋە قانداق چەكلىمە كەلسە ئۇنىڭدىن دەرھال يېنىش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىدى شۇڭا ھاراقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى ئايەت نازىل بولۇپ، بۇ خەۋەر ئەنسارىلاردىن بىر توپ كىشىگە يەتكەندە، ئۇلار خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ھاراقتىن ئايرىلىپ قاچىلاردىكى ھاراقلارنى بازارلارغا تۆكۈشتى ـ دە، ھاراقلار بازارلاردا ئېرىق بولۇپ ئاقتى. مانا مۇشۇنداق قىلىش ـــ ھەربىر مۆئمىننىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر.

مانا بۇ ھەدىستە مۇھىم بولغىنى شۇكى، ساھابىلەر ئىشنى سەدىقىدىن باشلىدى. ھەربىر ساھابە كۈچى يەتكەن مىقداردىكى سەدىقىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېلىپ كەلدى، بەزىسى كۆپ سەدىقە ئېلىپ كەلسە، بەزىسى ئاز ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار كۆپ سەدىقە ئېلىپ كەلگەن كىشىگە قارىتا: «مانا بۇ ئادەم رىياخوركەن، بۇ سەدىقىسى ئارقىلىق الله رازىلىقىنى كۆزلىمەيدۇ» دېيىشتى.

مانا بۇلار مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلار قەلبىدە يوشۇرغان نەرسىگە زىت ئىشنى ئاشكارىلايتتى، دائىم مۆئمىنلەرنى ئاشكارا مەسخىرە قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ھەمدە ئۇلارغا ئەڭ لەززەتلىك ۋە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان ئىش بولسا مۆئمىن مۇسۇلمانلارنى تىللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەرنى ئاڭلاش ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىش ئىدى چۈنكى ئۇلار مۇناپىق ۋە دۈشمەندۇر.

مانا بۇلار، سېخىيلىق بىلەن سەدىقە بەرگۈچى كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن الله ھەم ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ساھابىلەرنىڭ ياخشىلىقتا بەسلىشىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، الله تعالىنىڭ مۇجاھىدلارنى مۇناپىقلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ھەمدە مۇناپىق سۈپەت خاۋارىج ۋە مۇرجىئىيلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن قوغداپ ئاقلايدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، مۇناپىقلارنىڭ ھەمدە مۇناپىق سۈپەت خاۋارىج ۋە مۇرجىئىيلارنىڭ مۆئمىن ـ مۇجاھىدلارغا قاتتىق ئاداۋەتخورلۇقى، مۆئمىنلەرنىڭ ئۇ مۇناپىقلارنىڭ تىلىدىن ھەرگىزمۇ ئامان قالمايدىغانلىقى. يەنى ئۇلارنىڭ مۆئمىنلەرنى كۆپ ئەمەل قىلسا ھەم تىللايدىغانلىقى، ئاز ئەمەل قىلسا ھەم تىللايدىغانلىقى.

شۇنىڭ ئۈچۈن اللهنىڭ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانلىقى.

مانا بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرىقى مۇناپىقلارغا ئوخشىغان ھازىرقى زامان مۇرجىئىيلىرى ۋە خاۋارىجلىرىدىن ئىبارەت كىچىك مۇناپىقلار ھەمدە شۇ كىچىك مۇناپىقلارنى كۈشكۈرتۈۋاتقان چوڭ مۇناپىق گۇرۇھلار، ئەھلى سۈننەت يولىدىكى مۇجاھىد ۋە مۆئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىگە ھۆكۈم قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ نىيىتىنى قارىلاپ: «بۇ مۇجاھىدلارنىڭ كەينىدە پالانى كاپىر دۆلەتنىڭ قولى بار، بۇ مۇجاھىدلارنى پالانى دۆلەتلەر ئوينىتىۋاتىدۇ ۋە بۇلارنى پالانى جىھادىي جامائەت ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ، پالانى مۇھاجىر جامائەتنى پالانى يەرلىك ئەنسارىي جامائەتلەر ئۆز مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىۋاتىدۇ» دېگەندەك دەلىلسىز ئۆسەك سۆزلەر بىلەن مۇجاھىدلارنى ئەيىبلەشلىرى بولسا ئەينى زاماندىكى مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ سۈننىتى (يولى)گە ئەگىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

تۆتىنچى، ياخشىلىقنى كىچىك سانىماي قىلىشنىڭ مۇھىملىقى.

## دىني ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

شۇڭا «قەلبنىڭ سۆزى» دېگەندە ـــ قەلبنىڭ ئېتىقادى، تەستىقى، ئىقرارى ۋە جەزمىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«تىلنىڭ سۆزى» دېگەندە ـــ كەلىمە شاھادەتنى تەلەپپۇز قىلىش ۋە كەلىمە شاھادەتنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىنى ئېغىزىدا ئىقرار قىلىش دېگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«قەلبنىڭ ئەمىلى» دېگەندە ـــ قەلبنىڭ نىيىتى، قەلبنىڭ تەسلىم بولۇشى، قەلبنىڭ ئىخلاسى، قەلبنىڭ بويسۇنۇشى، قەلبنىڭ ئۈمىد قىلىشى، قەلبنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە قەلبنىڭ ئىرادىسى دېگەندەك ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمىلى» دېگەندە ـــ شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى تەرك ئېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«ئىمان»نىڭ لۇغەت مەنىسى ـــ تەستىقلاش، قايىل بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى بولسا بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى تائەت ـ ئىبادەتلەردۇر. «ئىچكى تائەت ـ ئىبادەتلەر» دېگەندە ـــ قەلب ئەمەللىرىنى كۆرسىتىدۇ. «تاشقى تائەت ـ ئىبادەتلەر» دېگەندە ـــ پەرز ۋە مەندۇپ (يەنى قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئەمما قىلسا ساۋاب بولىدىغان سۈننەت ۋە مۇستەھەب دېيىلىدىغان ئىشلار) بولغان بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرىنى كۆرسىتىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئىمان دېگىنىمىز ـــ قەلبتە مۇستەھكەم ئورناپ، ئەمەل ئارقىلىق راستقا چىقىرىلىپ، شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق بەدەن ئەزالىرىدا مېۋىسى كۆرۈلگەن ئەقىدە ياكى ئېتىقاددۇر. شۇڭا ئەمەلدىن ئايرىلغان تەستىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەگەر ئەمەلدىن ئايرىلغان تەستىق بىرەر كىشىگە پايدا قىلىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئىبلىسقا پايدا قىلغان بولاتتى. چۈنكى، ئىبلىس الله تعالىنىڭ يەككە ـ يېگانە، شېرىكسىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاقىۋەتتە اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى شەكسىز تونۇيتتى لېكىن ئۇنىڭغا «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار!» دېگەن ئىلاھىي بۇيرۇق كەلگەندە، پۈتۈن پەرىشتىلەر سەجدە قىلدى ئەمما ئىبلىس سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە كاپىر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ اللهنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى ئىكەنلىكىنى تونۇغانلىقى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلالمىدى چۈنكى ئۇ اللهنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىشتىكى مەقسىتى بولغان «ئىبادەتتە اللهنى يەككىلەشتۈرۈش» دېگەن تەۋھىدى ئۇلۇھىييەتنى ۋە تەۋھىدى ئىبادەتنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان ئىدى. دېمەك، ئەمەلدىن ئايرىلغان تەستىقنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ نەزىرىدە ھېچ قىممىتى يوقتۇر. مانا بۇ ـــ سەلەف سالىھلارنىڭ ئىماننىڭ ھەقىقىتى (يەنى ئىماننىڭ ماھىيىتى ياكى مەنىسى ۋە ياكى روكنى) توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىدۇر. شۇنى بىلگىنكى، ئىمان قۇرئان ۋە ھەدىستە ئەمەلدىن ئايرىلغان ھالدا كەلمىگەن بەلكى كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئىماننىڭ ئارقىسىغا سالىھ ئەمەل ئەتفە قىلىنغان (يەنى ئىماننىڭ ئارقىسىغا ئەمەل ياندىشىپ كەلتۈرۈلگەن). مانا بۇ ـــ ئايرىملىقنى ئومۇمىيلىقنىڭ ئارقىسىغا ياندىشىپ ۋە پارچىنى پۈتۈنگە باغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنداق كەلتۈرۈش ـــ سالىھ ئەمەلنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن، «ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلار...» دەپ كەلسە، «ئىمان كەلتۈرگەن» دېگەنلىك ـــ قەلبىدە تەستىقلىغان، ئېغىزىدا ئىقرار قىلغان ۋە بەدەن ئەزالىرىدا ئەمەل قىلغان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا يانداپ «سالىھ ئەمەل قىلغانلار» دېگەنلىك ـــ بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرىنى ئىككىنچى قېتىم تەكىتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ـــ ئەمەلنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمان ـــ بىرىنچى، (قەلبتىكى) ئېتىقاد (يەنى قەلبنىڭ سۆزى ۋە قەلبنىڭ ئەمىلى)؛ ئىككىنچى، (تىلدىكى) سۆز؛ ئۈچىنچى، (بەدەن ئەزالىرىدىكى) ئەمەل بولۇپ، ئۇ ئىتائەت بىلەن زىيادە بولىدۇ (يەنى كۈچىيىدۇ)، ئاسىيلىق بىلەن كېمىيىدۇ (يەنى ئاجىزلىشىدۇ). شۇڭا، كىمكى ئىماننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ ئاساسىنى تولۇق بېجىرسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى تولۇق بولغان بولىدۇ؛ كىمكى يۇقىرىقى ئۈچ ئاساسنىڭ ئاۋۋالقى ئىككىسى (يەنى ئېتىقاد ۋە سۆز)نى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئۈچىنچىسىنى (يەنى ھېچقانداق بىر ئەمەلنى شارائىت بار تۇرۇپ) بېجىرمىسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى سەھىھ بولمايدۇ (يەنى ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ) چۈنكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئېتىقادىدا ئەمەللەر ئىماننىڭ بىر پارچىسى ۋە ئىماننىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. بىر كىشى (شارائىت بار تۇرۇقلۇق) ئىمان ئېيتقان ئەمما ھېچبىر ئەمەل قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئېيتقان ئىمانى سەھىھ بولمايدۇ، ئادا بولمايدۇ ۋە قوبۇل بولمايدۇ.

«بىر كىشى (شارائىت بار تۇرۇقلۇق) ھېچبىر ئەمەل قىلماستىن ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئېيتقان ئىمانى سەھىھ بولمايدۇ، ئادا بولمايدۇ ۋە قوبۇل بولمايدۇ» دېگەن مانا بۇ سۆزگە ئەھلى سۈننەت ئىماملىرى (يەنى مەزھەپ ئىماملىرى) بىرلىككە كېلىپ مۇنداق دېيىشكەن: «ئەمەل (يەنى بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمىلى)سىز ئىمان قوبۇل بولمايدۇ؛ نىيەت (يەنى قەلبنىڭ ئەمىلى)سىز سۆز (يەنى ئېغىزدا كەلىمە شاھادەتنى ئىقرار قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، قۇرئان تىلاۋىتى قاتارلىق شەرئىي سۆزلەر) ۋە ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ؛ سۈننەتكە (يەنى شەرىئەتكە) ئۇيغۇن بولمىسا ھېچبىر سۆز، ھېچبىر ئەمەل ۋە ھېچبىر نىيەت قوبۇل بولمايدۇ. مانا بۇ قائىدە بولسا ئىمام ئەۋزائى، سۇفيان سەۋرى، ھۇمەيدى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سەلەف ئىماملىرىدىن نەقىل قىلىنغان مەشھۇر قائىدىدۇر.

الله تعالى قۇرئاندا «ھەقىقىي مۆئمىن» دېگەن سۈپەتنى دىننىڭ ئۇسۇللىرى (يەنى ئاساسلىرى)، فۇرۇئاتلىرى (يەنى تارماقلىرى)، زاھىرى (يەنى بەدەن ئەمەللىرى) ۋە باتىنلىرى (يەنى قەلبىي ئىشلار)غا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئەمەل قىلغان ھەمدە بۇ ئىماننىڭ تەسىر ـ ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ ئەقىدە، ئىچكى ۋە تاشقى سۆزى ھەم ئەمەللىرىدە ئەكس ئەتكەن كىشىلەرگە قوللانغان. مەسىلەن، الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ۞ الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ ۞ أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَهُمْ دَرَجَاتٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

(بېشى 1ـ بەتتە)

وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴾. «پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللهنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆئمىنلەردۇر [2]. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (الله يولىدا) سەرپ قىلىدۇ [3]. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېئمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ [4]» (سۈرە ئەنفال 2ـ ئايەتتىن 4ـ ئايەتكىچە).

الله تعالى كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىمان بىلەن ئەمەلنى بىر يەردە كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلًا﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ» (سۈرە كەھف 107ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، <پەرۋەردىگارىمىز الله تۇر> دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: <قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار...> دەيدۇ» (سۈرە فۇسسىلەت 30ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتِلْكَ الْجَنَّةُ الَّتِي أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر» (سۈرە زۇخرۇف 72ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَصْرِ ۞ إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ ۞ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ ۞﴾ «زامان بىلەن قەسەمكى [1]، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر [2ـ3]» (سۈرە ئەسر 1ـ ئايەتتىن 3ـ ئايەتكىچە).

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەن <الله قا ئىمان كەلتۈردۈم> دېگىن، ئاندىن شۇ سۆزۈڭدە مۇستەھكەم تۇرغىن» (مۇسلىم توپلىغان).

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇ شاخچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى <بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىنغۇچى يوق> دېگەن سۆزدۇر، ئۇ شاخچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشتۇر. ھايا ــ ئەنە شۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر» (بۇخارى توپلىغان).

شۇڭا ئىمان ۋە ئەمەل ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلغۇچى ئاجرالماس گەۋدە بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمەل ــ ئىماننىڭ كۆرۈنۈشى، مېۋىسى، نەتىجىسى ۋە تەقەززاسىدۇر شۇنداقلا ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# غازاتلار تارىخى



## ئۇھۇد جېڭىدىكى بەزى ئىبرەتلەر

بىرىنچى، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا تۆۋەندىكىدەك مۆجىزىلەر يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ مۆجىزىلەردىن الله تعالى نىڭ مۆئمىن گۇرۇھنى كاپىر گۇرۇھقا قارشى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز:

1. مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇلۇپ قالغانلىقى.

2. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇبەي ئىبنى خەلەفنى ئۆلتۈرگەنلىكى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدىكى ۋاقتىدا ئۇبەي ئىبنى خەلەفكە: «سېنى ئۆزۈم ئۆلتۈرىمەن» دېگەن ئىدى.

3. قەتادە ئىبنى نوئمان رضي الله عنه نىڭ مۇشۇ جەڭدە قوپۇلۇپ كەتكەن ئىككى كۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت ئەسلىگە قايتۇرۇلۇشى.

4. مۆئمىنلەرنى ئۇيقۇ بېسىپ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ قولىدىن قىلىچىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى چۈنكى ئۇيقۇ كىشىگە كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ۋە پىسخىكىۋي راھەت بېغىشلايدۇ.

5. مالائىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلغانلىقى.

ئىككىنچى، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد كۈنى كىشىلەر باستۇرۇپ كېلىشتى. مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم ـ دە، <مەن ئۆزۈمنى قوغداي، ياكى قۇتۇلارمەن، ياكى شەھىد قىلىنارمەن> دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم. ئۇشتۇمتۇت يۈزى قىزارغان بىر كىشى پەيدا بولۇپ، مۇشرىكلار ئۇ كىشىگە ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغىلى ئاز قالدى. ئۇ كىشى قولىغا بىر سىقىم شېغىلنى ئېلىپ ئۇلارغا ئاتتى. مەن بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئارىسىدا مىقداد بار ئىدى. مەن مىقدادتىن بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى سورىماقچى بولغانىدىم، ئۇ ماڭا: <ئى سەئد، رەسۇلۇللاھ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ> دېدى. مەن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ مېنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. ئارقىدىنلا مەن ئوق ئېتىشنى باشلىۋەتتىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: <ئاتقىن! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!> دېدى». سەئد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر تال ئوقنى ئاتسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا مەن تونۇيدىغان شۇ ئوقۇمنى قايتۇرۇپ بېرەتتى. ھەتتاكى مەن ئارقا ـ ئارقىدىن 8ـ9 پاي ئوقنى ئاتتىم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەسۇلۇللاھ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. مەن: <مانا بۇ قاننىڭ ئوقى> دەپ ئۇنى ئوقدىنىمغا سېلىپ قويدۇم، ئۇ مەندىن ھەمىشە ئايرىلمايدۇ».

ئۈچىنچى، قۇرئان ئۆگەنگەنلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش ئىشىدا ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى. مەسىلەن، ئىككى شەھىدنىڭ ئىچىدە قۇرئاننى كۆپرەك ئۆگەنگۈچىنىڭ قەبرىگە ئالدىراق قويۇلىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، تىنچ چاغدا ھارام بولغان بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا مۇباھ بولىدىغانلىقى. مەسىلەن، الله نىڭ دىنىدىن ئىززەت ۋە قۇۋۋەت ھېس قىلىشنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئات ئۈستىدە تەكەببۇرانە ھالدا كۆرۈنۈش دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى، ئەبۇ دۇجانە رضي الله عنه جەڭ مەيدانىدا ئەنە شۇنداق تەكەببۇرلارچە ماڭغان.

بەشىنچى، شەھىدنىڭ ھۆرمەتلىك بولىدىغانلىقى. شەھىدنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىكى ھۆرمىتى ھەممىمىزگە مەلۇملۇق. بۇ ھۆرمەتنىڭ قاتارىدىن ئۇ ۋاپات بولغان چاغدىكى بەزى ھۆكۈملەرنىڭ خاس بولغانلىقى. مەسىلەن، شەھىدنى يۇماسلىق، كېپەنلىمەسلىك ۋە نامىزىنى ئوقۇماسلىق.

ئالتىنچى، ھاجەت بولغاندا بىر قەبرىگە بىردىن ئارتۇق كىشىنى دەپنە قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. بۇ يەردىكى ھاجەت بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بۇ ئاجىز ھالەتتە قەبرە كولاشنىڭ مۇشەققەت بولغانلىقىدۇر. چۈنكى، شەھىدلەر دەپنە قىلىنغان بۇ رايون تاغلىق ۋە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل رايون ئىدى. ئۇندىن باشقا، شەھىدلەرنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ھەم يەنە بىر ھاجەتتۇر.

يەتتىنچى، دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىنىش ئارقىلىق مۇجاھىدلارغا ياردەم بېرىلىدىغانلىقى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، الله تەرەپتىن مۇشرىكلارنى قوغلاش بۇيرۇقى بېرىلدى. ساھابىلەر قاتتىق چارچىغانلىقى ۋە ئېغىر زەخىم بولغانلىقىغا قارىماي رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ بۇيرۇقىغا دەرھال ئىتائەت قىلىشتى. ساھابىلەرنىڭ بۇ خىل مەيدانى دۈشمەنلەرنى مۇسۇلمانلارغا ئۇچرىشىشتىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدى. دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا جەڭ قىلىشتىن قورققانلىقتىن ئالدىنى مەككە تەرەپكە قىلىپ تىكىۋېتىشتى. مانا بۇ ــ الله نىڭ رەببانى ئاتاسىدۇر.

# پەرقلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### خاۋارىجلارنىڭ ئۈچىنچى سۈپىتى ــ ئۇممەتنىڭ كاتتىلىرى ۋە ئۇلۇغلىرىغا بىھۆرمەتلىك قىلىش

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسىنى قوللىمىغان ھېچبىر كاتتا كىشى ياكى ئالىمنى ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئەگەر ھۆرمەت قىلىش توغرا كەلگەندە، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ـ خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشقان مىقدارچىلىك ھۆرمەتلەيدۇ. مانا بۇ ــ ئاشقۇن خاۋارىجلارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك سۈپەتلىرىدىندۇر چۈنكى ئۇلار بۇندىن ئىلگىرى، ئىنسانىيەتنىڭ رەھبىرى، ئەڭ ئادىل ۋە جىنىمىزنى پىدا قىلىشىمىزغا ھەقلىق بولغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە بىھۆرمەتلىك قىلىشقان ئىدى. يەنى خاۋارىجلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئۇلۇغ بوۋىسى بولغان زۇلخۇۋەيسىرە پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى مۇھەممەد! الله تىن قورق! ئى مۇھەممەد! ئادىل بول! چۈنكى مەن سېنىڭ ئادىللىق قىلغانلىقىڭنى كۆرمەيۋاتىمەن» دېگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رضي الله عنه نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى كۆزى چوڭقۇر، ئىككى مەڭزى بىلەن پېشانىسى پولتىيىپ چىققان، ساقىلى ئىنتايىن قويۇق، چېچى چۈشۈرۈلگەن ۋە ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقى تۇرۇلگەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى مۇھەممەد! اللهتىن قورق!> دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <مەن اللهقا ئاسىيلىق قىلسام، قايسى كىشى اللهقا ئىتائەت قىلار؟! الله زېمىن ئەھلى ھەققىدە مەندىن ئەمىن بولۇۋاتسا، سىلەر ئەمىن بولمامسىلەر؟!> دېدى». ئەبۇ سەئىد خۇدرى رضي الله عنه يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر كىشى (مەن ئۇنى خالىد ئىبنى ۋەلىد دەپ ئويلايمەن) رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۇ ئادەم (يەنى زۇلخۇۋەيسىرە)نى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى توسۇپ قويدى. ئۇ ئادەم قايتقاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: <بۇنىڭ پۇشتىدىن شۇنداق بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار كاپىرلارنى قويۇپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ. خۇددى ئوق ئوۋنى تېشىپ چىقىپ كەتكەندەك، ئۇلارمۇ دىندىن ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى تاپسام ئىدىم، خۇددى ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرگەن بولاتتىم> دېدى» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ھەدىس «صحيح مسلم»دا مۇنداق كەلگەن: «زۇلخۇۋەيسىرە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئادىل بول!> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <ئىسىت ساڭا! مەن ئادىل بولمىسام كىم ئادىل بولىدۇ؟! ئەگەر مەن ئادىل بولمايدىغان بولسام، سەن ئاللىبۇرۇن زىيان تارتقان ۋە شەرمەندە بولغان بولاتتىڭ> دېدى». بۇ ھەدىس «مجمع الزوائد»تا مۇنداق كەلگەن: «ئۇ ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى مۇھەممەد! الله بىلەن قەسەمكى، سەن بۈگۈنكى تەقسىماتتا پەقەتلا ئادىل بولمىدىڭ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا: <الله بىلەن قەسەم! مەندىن كېيىن ئۆزۈڭلارغا مەندىنمۇ ئادىل بىرىنى تاپالمايسىلەر> دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: <كۈن چىقىش تەرەپتىن شۇنداق بىر كىشىلەر چىقىدۇكى، مانا بۇ ئادەم شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ۋە ئەدەب ـ قائىدىسى مۇشۇ ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ لېكىن قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ. خۇددى ئوق ئوۋنى تېشىپ چىقىپ كەتكەندەك، ئۇلارمۇ دىندىن ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمەيدۇ>. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ تۇرۇپ: <ئۇلارنىڭ بەلگىسى ــ چاچنى چۈشۈرۈۋېتىشتۇر. ئۇلار دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى كۆرسەڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار چۈنكى ئۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە زىيانلىقىدۇر> دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى». بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر لەۋزىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار دائىم چىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرى دەججال بىلەن بىللە چىقىدۇ».

ئىبنى ئەبۇ ئاسىمنىڭ «السنة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «تەمىيم جەمەتىدىن زۇلخۇۋەيسىرە دېگەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرگە غەنىيمەت تەقسىم قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: <ئى مۇھەممەد! ھەقىقەتەن بۈگۈن مەن سېنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇردۇم> دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <ھەئە! نېمە قىلغانلىقىمنى كۆردۈڭ؟> دېدى. ئۇ: <سېنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىڭنى كۆردۈم> دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتتىق غەزەپلىنىپ: <ئىسىت ساڭا! مەندە ئادالەت بولمىسا كىمدە ئادالەت بولىدۇ؟!> دېدى. شۇئان ئۆمەر رضي الله عنه: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيمىزمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <ياق! بولدى، كارىڭلار بولمىسۇن

(ئاخىرى 3ـ بەتتە)

(بېشى 2 ـ بەتتە)

چۈنكى پات يېقىندا ئۇنىڭ شۇنداق بىر گۇرۇھى بولىدۇكى، خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ، ئوۋنى تېشىپ، شۇ ئوقنىڭ ئۇچى ۋە قۇيرۇقىغا ھېچنەرسە يۇقماي چىقىپ كەتكەندەك، ئۇلار دىندا چوڭقۇرلاپ، دىندىن ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ> دەپ جاۋاب بەردى» (ئەلبانى بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى «جەييىد (ھۆججەتكە يارايدۇ)» دېگەن).

ئوقبە ئىبنى نەسساجدىن نەقىل قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: [مېنىڭ بىر قېرىندىشىم بولۇپ، ئۇ ماڭا خاۋارىجلارنىڭ ئەملى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمرلەرنى ئەيىبلەيدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەرەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئاندىن مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا: «سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاخىرى قېلىپ قالغانلىرىدىنسەن. ﷲ ساڭا ئىلىم ئاتا قىلدى. مانا بۇ ئىراقتىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەمرلىرىنى تولا ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ» دېسەم، ئۇ ماڭا: «ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە ﷲنىڭ، مالائىكىلەرنىڭ ۋە جىمى خالايىقلارنىڭ لەنىتى بولسۇن! رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر خۇرجۇن ئالتۇن كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى ساھابىلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە، سەھرالىق بىر كىشى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: <ئى مۇھەممەد! ﷲ بىلەن قەسەمكى، ﷲ سېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئادىل بولغانلىقىڭنى كۆرمەيمەن؟!> دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <ئىسىت ساڭا! مەندىن كېيىن كىممۇ ئادىل بولالايدۇ؟!> دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئۇ شۇ جايدىن چىقىپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىگە: <ئۇ ئادەمنى ئاستا ـ ئاستا قايتۇرۇپ كېلىڭلار چۈنكى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە بۇ ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى (يەنى تۇرداشلىرى) بار بولۇپ، ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ لېكىن قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار قاچان ئوتتۇرىغا چىقسا ئۆلتۈرۈڭلار!> دەپ ئۈچ قېتىم تەكىتلىدى»]. («سۈننە» 439 ـ ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا






## ئىراننىڭ ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تار رامكىدىن ھالقىپ كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى ۋەزىپىسىگە قايتۇرۇلۇشى

ئىران جۇمھۇرىيىتى ياكى ئاتالمىش «ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بولسا كېڭەيمىچىلىك ئىدېئولوگىيىسىدىكى دۆلەتلەردىن سانىلىدۇ چۈنكى ئۇ قوشنا دۆلەتلەردە رافىزىيچە شىئەلىكنى تەرغىب قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ. كۆزەتچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىران ئەرەب رافىزىيلىرىنى كوزىر قىلغان ھالدا ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردە پارس ئىمپېرىيىسىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

### ئىراننىڭ ئەتراپ دۆلەتلەردىكى «ھەرىكەت قوللىرى»

ئىران بىۋاستە شەكىلدە ئۆزىگە تەۋە ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغان نۇرغۇن «قول»لارغا ۋە «خەلق ئەسكەرلىرى»گە ئىگە. ھەتتا ئىراقتا رافىزىيچى شىئە خەلق ئەسكەرلىرى مەۋجۇت بولسا، لىۋاندا ئاتالمىش «ﷲ پارتىيىسى» مەۋجۇت. يەمەندە ھۇسى خەلق ئەسكەرلىرى مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ گۇرۇھلار سۈرىيىدىكى نۇسەيرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى ئەسكىرىي ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرمەكتە. رۇسىيە، نۇسەيرىيە ھۆكۈمىتىدىن بۇ گۇرۇھلارنى تالاشماقتا. بۇ ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئىراق، يەمەن ۋە سۈرىيىدىكى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارماقتا.

### ئىراننىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى تار ھالەتكە قايتۇرۇلۇشى

رافىزىي قوراللىق كۈچلىرى ئىراق، سۈرىيە، لىۋان ۋە يەمەننىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىراننىڭ ئەھلى سۈننەتكە ئۇرۇش ئېچىشىغا مەلۇم مەزگىل يول قويغان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئىراننىڭ ھەرىكىتىنى بارغانسېرى قىسىشقا باشلىدى. ئىراننى قىسىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى باسقۇچى دونالد ترامپنىڭ يادرو كېلىشىمىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن باشلاندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىقتىسادىي جازانى ئېغىرلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا ترامپنىڭ ئادۋوكاتى رودى جۇلىيانى مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىنىڭ ئىرانغا قاراتقان جازاسى پات يېقىندا تېھران ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان خەلق قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچى ئايروپىلانلىرى سۈرىيىدىكى رافىزىي قوراللىق كۈچلىرى جايلاشقان ئورۇنلارغا ھاۋا ھۇجۇمى قوزغايدۇ». شۇنداق قىلىپ، خەلقئارا تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ئاخباراتچىلارنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، ئىشلار ئېغىمۇ كەسكىنلىشىش تەرىپىگە قاراپ ماڭماقتا.

### ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىشى

ئىرانغا قوشنا ئەللەردىكى ئىراننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن خەلق قوراللىق كۈچلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشلار ۋە شۇ ئۇرۇشلارغا قارشى ئىقتىسادىي بېسىم نۇرغۇن مۇشكۇلاتلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى، ئىران ئىچىدىكى نامايىشلار دولقۇنى ۋە ئىراقتىكى شىئە دولقۇنلىرىنىڭ پارچىلىنىشى قاتارلىقلاردۇر. شىئە ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە خىزمەت تېپىپ بېرىشكە ئاجىز كەلگەنلىكى بۇ مۇشكۇلاتلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولماقتا.

### تۈنۈگۈنكى ئىتتىپاقداشلار بۈگۈنكى دۈشمەنلەر

ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەرەب بىرلەشمە ئەمرلىكى ھۆكۈمىتىنى «ئەھۋاز ھۇجۇمىنى قوللىدى» دەپ قارىلىدى. بۇ ھۇجۇم ئىران ئىنقىلابىي قوغدىنىش قىسمى ئۆتكۈزگەن ھەربىي پاراتقا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ھۇجۇمدا 25 نەپەر ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەن، 60 نەپىرى يارىلانغان ئىدى. ئىران ئىنقىلابىي قوغدىنىش قىسمى: «بىز ئىنتايىن تېز مەزگىلدە تېررورچىلاردىن دەھشەتلىك ئىنتىقام ئالىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك دەرىجىدە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىمىز» دەپ تەھدىت سالدى. بۇ كەسكىن توقۇنۇش ئىرانغا قوشنا ئەرەب دۆلەتلىرىدىن بولغان ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئىران ھەمكارلىق ئورنىتىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەمكارلىقى بىر نەچچە ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئەھلى سۈننەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ ئەللەر ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى سۈرىيىدۇر. ئىراننىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە ئەسكىرىي ھەرىكەتلىرىنى ئەسلىدىكى ئىنتايىن تار ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكا تەرەپتىن ئىرانغا قارشى قوزغالغان تەشۋىقات ۋە ئىقتىسادىي ئۇرۇش ئىراننى ئەسلىدە بەلگىلەنگەن خىزمەت دائىرىسىگە قايتۇرۇپ كېلىشنى مەقسەت قىلدى لېكىن بۇ قايتۇرۇپ كېلىش خەلقئارالىق تۈزۈمنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكنى شەرت قىلىدۇ. بۇندىن ئىلگىرى ئىران بىر قانچىلىغان ئەرەب ئەللىرىدىكى ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىغىلى ئاز قالغان ئىدى.



## ئۇممەت ۋە ئۈچىنچى خەندەك

«ترامپ ـ نىتانياخۇ»دىن ئىبارەت دېڭىز قاراقچىسى خەندىكى بىلەن «پۇتىن ـ خامىنئى»دىن ئىبارەت قانخورلار خەندىكىگە بولغان ساداقەت ئۇممەتنى ئىككىلەندۈرۈپ قويغان بىر پەيتتە، بۇ ئۇممەت قىس ئىبنى سائىدنىڭ دانىشمەنلىكىگە نېمىدېگەن موھتاج ـ ھە! يەنى، ئەرەبلەر ھەرخىل دىنلار ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن شەكىللەنگەن جاھىلىيەت دەۋرىدە، رىم ئىمپېراتورى قەيسەر بىلەن پارس ئىمپېراتورى كىسرانىڭ قايسى بىرىگە ساداقەت بىلدۈرۈش ھەققىدە ئىككىلىنىشكە دۇچ كەلگەن بولۇپ، قىس ئىبنى سائىد ھەج مەزگىلىدە بۇ ئەرەبلەرگە مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى: «قەسەم قىلىمەنكى، ﷲنىڭ شۇنداق بىر ئۇلۇغ دىنى بار. بۇ دىن سىلەر ھازىر ئېسىلىۋاتقان دىنغا قارىغاندا ﷲنى تېخىمۇ مەمنۇن قىلىدىغان دىندۇر».

— دوكتۇر ھاكىم مۇتەيرى

كاپىرلار ئىسلام ئۇممىتىگە، بۇ ئۇممەتنىڭ ھەر قايسى خەلقلىرىگە ۋە دىنىغا، خۇددى ئۆزئارا تائامغا ئولاشقاندەك يۇپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر شارائىتتا، پەلەستىندىكى زىئونىزم قىرغىنچىلىقى ۋە ئىشغالىيىتى بىلەن ئىراق ۋە سۈرىيىدىكى ئامېرىكا، رۇس، ئىران قىرغىنچىلىقى ۋە ئىشغالىيىتى ئارىسىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش شەرئەن دۇرۇس ئەمەس لېكىن بۇ ئۇممەتنى بىر ئۇممەت دەپ قارىمايدىغان، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىگە قارشى بىر ـ بىرىگە كېپىل ۋە بۇ خىل كېپىللىككە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇسۇلمانمۇ ھوقۇقلۇق بولالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلمايدىغان نائەھلىلەرلا ئەنە شۇنداق ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. ئىران بىلەن قەسەمداش ۋە ئىتتىپاقداش بولۇشقا زوراۋانلىقنى باھانە قىلىش — شەرئەن باتىل قىياس ۋە بۇزۇق ئىبرەتتۇر، جىنايەتچى تاغۇتلارغا ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىشتۇر شۇنداقلا مۇئمىنلەرنى ۋە ئېزىلگەنلەرنى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشتۇر. چۈنكى، ئىران بولسا ئىراق ۋە سۈرىيىنى ئىشغال قىلىش ھەمدە ئىراق ۋە سۈرىيىدىكى 2 مىليون خەلقنى قىرغىن قىلىش ئىشىدا ئامېرىكا ۋە رۇسىيە بىلەن شېرىكلەشكەن. ئىران بىلەن قەسەمداش بولۇشقا پەلەستىندىكى زىئونىزم ئىشغالچىلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى باھانە ـ سەۋەب قىلىش — باتىل قاراشتۇر.

### قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنىڭ ئەرەب ئىنقىلابى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن بولمايدۇ

مىسىر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن سىسى قانداق قىلغان بولسا ئىرانمۇ شۇنداق قىلدى. بەلكى سۈرىيە، ئىراق ۋە يەمەن خەلقىگە قارشى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشتا ئىران سىسىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. «زوراۋانلىق» ياكى «مەنپەئەت» دېگەن دەۋانى قىلىپ تۇرۇپ، ئىران بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقنى ئاقلاش بولسا ھەر قايسى يۇرتلاردىكى تاغۇتلار ۋە قاتىللار بىلەن «زوراۋانلىق» دېگەننى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ھەمكارلىشىشنى ئورۇنلۇق قىلىشقا ئورۇنغانلىقتۇر. مانا بۇ ئازغۇنلۇققا يېتەرلىكتۇر!

سەئۇدى ۋە ئەرەب بىرلەشمە ئەمرلىكى «ئەرەب ناتوسى» نامىدا ئۇممەتنى ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە خەندىكىگە تارتىشقا ھەر قانچە ئۇرۇنسىمۇ، پەلەستىننى ئىشغال قىلىپ ئۇنىڭ خەلقىنى قىرغىن قىلىۋاتقان ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە خەندىكى ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن «خەندەك» بولالمايدۇ.

قاتار بىلەن خاماس بولسا «قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى» دېگەن نام بىلەن ئۇممەتنى رۇس بىلەن ئىراننىڭ خەندىكىگە تارتىپ ئەكىرىشكە ھەر قانچە ئۇرۇنسىمۇ، سۈرىيىنى ئىشغال قىلىپ ئۇنىڭ خەلقىنى قىرغىن قىلغان رۇسىيە ـ ئىران خەندىكى ھەرگىزمۇ ئۇممەتنىڭ «خەندىكى» بولالمايدۇ.

### ئۇممەت ۋە ئۈچىنچى خەندەك

ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە خەندىكى بىلەن رۇسىيە ـ ئىران خەندىكى ئارىسىغا ئۇممەتنى توپلاش مۇمكىن ئەمەس چۈنكى بۇ ئىككىلا خەندەك ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلىرىنى قىرغىن قىلىش ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىش ئىشىدا ئۆزئارا شېرىكلەشكەن ئىشغالچى دۈشمەندۇر. «ئەرەب ناتوسى» (يەنى ئەرەب ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر) خۇددى ئۆز نوپۇزى ئاستىدىكى ئەرەب خەلقلىرىنى ترامپنىڭ خىزمىتىگە تاشلاپ بېرىۋاتقان پاراشۇتقا ئوخشايدۇ. يەنى ئۇ خەلقلەر: «پاراشۇت بىزنى بىخەتەر ۋە خاتىرجەم يەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ» دەپ ئويلايدۇ لېكىن پاراشۇت ئۇلارنى ترامپنىڭ جاپالىق ئەمگەك لاگېرىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. زىئونىزم ۋە ئەھلى سەلب تائىپىسى بەيتۇلمۇقەددەسنى سېتىۋېلىش، ئەرەب باھارىغا قارشى تۇرۇش ۋە تۈرك ئازادلىقى قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن قول بېرىشكەن ھەمشېرىكلەردۇر.

### ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق

سۈرىيىنى ئىشغال قىلىپ خەلقىنى قىرغىن قىلغان ئىران سەفەۋىي ھۆكۈمىتى بىلەن رۇسىيە دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

بەششار بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان خىزمەتچى ئارمىيىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

پەلەستىننى ئىشغال قىلىپ خەلقىنى قىرغىن قىلغان زىئونىزمچى دۈشمەن بىلەن نىيىتى بۇزۇق ئامېرىكا ئىشغالىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

ئۇممەت ۋە ئۇممەتنىڭ ھەر قايسى مىللەتلىرىنىڭ قېنىنى ھالال ساناش — كاپىرلىقتۇر ۋە ﷲ قا، ﷲ نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە قىلىنغان خىيانەتتۇر.

— دوكتۇر ھاكىم مۇتەيرى



## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

يازدا ئۈنچە ـ سۇ تۆكۈلەر،
قىشتا ئاپئاق ئۇن تۆكۈلەر.

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

قىزىل قالپاقلىق،
ئىككى قاناتلىق.
تۆتتىن بارمىقى،
ئىككى ئاياغلىق.
كەڭرى كۆكرەكلىك،
مەغرۇرانە قۇش.
ناخشىلار توۋلاپ،
ئۆتەر كۆڭلى خۇش.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. تۈگمەن.
2. ئادەمنىڭ ئىككى قولى.

# ئەسكىري تەلىم




## ساموپال سي زي 23 (Sa ـ 23) Samopal CZ ـ 23

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، چېخسلوۋاكىيە قوراللىق ئارمىيىسى پىيادە قىسمى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا يېڭى تىپتىكى تاپانچا پۇلمىيوت ياساشقا كىرىشىپ، ئاخىرى خولېسېك ئىسىملىك قورال لايىھەلىگۈچىنىڭ 1948 ـ يىلى لايىھەلىگەن «Samopal 9mm Vz.48a» نامدىكى قورالى تاللانغان. 1950 ـ يىلى قورال ئىسمى «Samopal CZ ـ 23» گە ئۆزگەرتىلىپ ئارمىيىگە ئىشلىتىلگەن. Samopal ــــ تاپانچا پۇلمىيوت دېگەن مەنىدە، CZ ــــ قورال ياسىغان شىركەت Ceska Zbrojovka نىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

1960 ـ يىلى ئارمىيە بۇ قورالنىڭ ئورنىغا Sa ـ 58 نى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلغان ۋە ئارمىيىدىن شاللانغان. بۇ قورالنى ۋيېتنام، كۇبا، لىۋىيە، لىۋان، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىپ بەرگەن. مۇساپە جەدۋىلى ئايلانما شەكىلدە بولۇپ، بىردىن تۆتكىچە رەقەم يېزىلغان.

### ئالاھىدىلىكلىرى

1. بۇ قورالنىڭ سايمانلىرى بىرقەدەر پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئاسان سۇنمايدۇ.

2. قورالنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى قىسقا ۋە يەڭگىل بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك.

3. ئوقى كۆپ تېپىلىدۇ.

4. سي زي 25 نىڭ قوندىقى قاتلانغاندىن كېيىن ئالدى تۇتقۇچنىڭ رولىنى ئوينايدۇ ۋە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تېخىمۇ قىسقىرايدۇ.

ساموپال سي زىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل نۇسخىلىرى بار بولۇپ، ئوق ئۆلچىمى ئوخشىمايدۇ.


CZ ـ 23
9×19mm


CZ ـ 25
9×19mm


CZ ـ 24
7.62×25mm


CZ ـ 26
7.62×25mm

### قورالنىڭ مەلۇماتلىرى

قورالنىڭ ئوقنەيچە ئۇزۇنلۇقى: 284 مىللىمېتىر

قورالنىڭ ئوق ئۆلچىمى: 9×19 مىللىمېتىر

قورالنىڭ ئۇزۇنلۇقى: 686 مىللىمېتىر

قورال ئېغىرلىقى: 3.087 كىلوگرام

ئوقنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى: 381 مېتىر ھەر سېكۇنت

زەربە بېرىش مۇساپىسى: 200 مېتىر

### قورالنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى



دىققەت: بۇ قورالنىڭ قۇرغۇچى كەينىگە تارتىلغاندىن كېيىن ئوق ئېلىنغان ھالەتتە ئالدىغا قايتمايدۇ. قورال قۇرۇلغان ۋاقىتتا ئوق يەنىلا ئوقداندا تۇرىدۇ، يەنى تەپكىنى باسقاندا قورال ئوق ئېلىپلا پىستانغا ئۈرىدۇ. شۇڭا ئوقدانسىز قۇرۇلغان قورالغا ئوقلانغان ئوقداننى سېلىپ تەپكىنى باسساقلا ئوق چىقىپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

### چۇۋۇپ ـ قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى

1. ئوقدان سېلىش ئېغىزىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى قىسمىنى بېسىپ تۇرۇپ ئوقداننى چىقىرىمىز.



2. قۇلۇپىنى ئاچىمىز. قۇلۇپى تەپكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولۇپ، قىزىل رەڭ كۆرۈنۈشى ياكى سول تەرەپكە سۈرۈلۈش بىلەن قۇلۇپ ئېچىلىدۇ. ئاندىن قورالنىڭ ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرۇپ، ئىككى قۇرۇپ تەپكىنى بىر بېسىپ تەكشۈرىمىز.



3. قورالنىڭ كەينى تەرىپىدىكى قاپقىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۇنۇپكىنى بېسىپ بۇرىساق قاپقىقى چىقىدۇ.



4. قۇرغۇچنى سەل كۆتۈرۈپ كەينىگە تارتساق يىڭنە بىرىكمە قىسمى چىقىدۇ.




5. پۇرژىنىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ پەسكە باسساق ئالدى كۆتۈرۈلۈپ ئاجرىتىپ چىقىرىۋالىمىز.



6. ئوقنەيچە مۇقىملاشتۇرغۇچنى سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشىدە بۇراپ ئوقنەيچىنى چىقىرىمىز.



7. قۇراشتۇرغاندا چۇۋۇش قەدەم باسقۇچلىرىنىڭ ئەكسى بويىچە قۇراشتۇرىمىز. ئەمما دىققەت قىلىدىغان نۇقتا، ئوقنەيچىنى سالغاندا ئوقنەيچە ئۈستىدىكى ئويمان جاينى قورالنىڭ ئاساسىي قىسمىدىكى ماس جايغا ئەكېلىپ ئاندىن سېلىش كېرەك، بولمىسا ئوقنەيچە تولۇق چۈشمەيدۇ.




## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇگېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

# جىھاد چەشمىلىرى

■ 2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىدلىب ۋىلايىتىگە جايلاشقان كەفەريا ۋە فۇئا يېزىلىرىدىكى رافىزىي شىئەلىرى ئىتتىپاق بىلەن ھەلەب شەھىرىگە چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، بەششار ئەسەد ھۆكۈمىتى بۇلارغا ھەلەب شەھىرىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بەزى ئولتۇراق رايونلىرىنى بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. ئۆتكەن ھەپتە ھەلەب شەھىرىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىگە قاراشلىق بىررى قوراللىقلىرىنىڭ ياللانما ئەسكەرلىرى بىلەن ئىران رافىزىيلىرىنىڭ مەزھەپدىشى بولغان كەفەريا ـ فۇئا يېزىلىرىدىن چىققان رافىزىيلار ئوتتۇرىسىدا ئۆي تالىشىش توقۇنۇشى يۈز بەرگەن. بىررى قوراللىقلىرى كەفەريا ـ فۇئا رافىزىيلىرىدىن ئالتە نەپىرىنى ئەسىرگە ئېلىۋالغان. بۇ توقۇنۇش كېڭىيىپ، ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ نۇبىل ـ زەھرا رايونىدىكى شىئەلەر كەفەريا ـ فۇئا رافىزىيلىرىغا ياردەمگە كېلىپ، زىددىيەت تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئاخىرىدا رۇسىيە ۋە ئىران بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، توقۇنۇشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئولتۇراق رايونىنى يىراقلاشتۇرغان.

■ 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكىغا يېتىپ كەلگەن «مايكىل» ناملىق قارا بوراندا، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ فىلورىدا شتاتىغا جايلاشقان «Tindal» ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى 55 دانە «F ـ 22» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانىدىن يۆتكەشكە ئۈلگۈرمەي قالغان 17 دانىسى ۋەيران بولغان. بۇ قېتىملىق قارا بوراندا زەربىگە ئۇچرىغان 17 دانە ئايروپىلاننىڭ قىممىتى 2 مىليارد دوللار ئەتراپىدا ئىكەن.

«مايكىل» ناملىق بۇ قارا بوراندا، ئامېرىكىنىڭ 4 شتاتىدىن ئاز دېگەندە 19 ئادەم ئۆلگەن. 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە بولغان زىيان تەخمىنەن 8 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.



■ 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيىسى 100 مىليون دوللارلىق «F ـ 35» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانىنى تۇنجى قېتىم ئافغانىستاندا ئەمەلىي ھۇجۇمغا قاتناشتۇرغان. بۇ ئەمەلىي مەشىقتىن بىر كۈن كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەت ھېسابلىنىدىغان بۇ كۈرەشچى ئايروپىلان ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كارولىنا شتاتىدا چۈشۈپ كېتىپ ئۇچقۇچىسى يارىلانغان. ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش ۋەقەسىدىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «F ـ 35» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلاننى ياسىغان شىركەتلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «F ـ 35» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانلارنى ئۇچۇشتىن توختاتقان. ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جەمئىي 320 دانە «F ـ 35» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن.



■ 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەششاباب جامائىتى مۇجاھىدلىرى سومالى مۇرتەد ھۆكۈمىتىنىڭ پرېزىدېنتى مۇھەممەد فارماجو شابىلە سافلە ۋىلايىتىنىڭ ماركا شەھىرىگە زىيارەتكە كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ شەھەردىكى سومالى مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرى بىلەن تاجاۋۇزچى ئافرىقا ئىتتىپاقى قوشۇنىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئۇگاندا دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 15 نەپىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 10 نەچچە نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 10 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن. مۇجاھىدلار يېنىك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى قورال ـ ياراق ۋە ئەسكىري ماشىنىلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، بۇ رايوندىن ساق ـ سالامەت چېكىنىپ چىققان.



■ 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خىتاينىڭ نەنچاڭ شەھىرىدىكى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەكىلى بولغان پىڭجۇڭتىيەن ئىسىملىك دوكتۇر ئايال ئۆزىنىڭ سىنا مىكرو بىلوگىدا قۇرئان كەرىمنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىنى ھاجەتخانىغا تاشلاپ ئۈستىگە تاھارەت قىلىنغان سۈرىتىنى ۋە ئىسلام دىنىنى ھاقارەتلىگەن ئىنكاسلارنى يېزىپ تارقاتقان. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىئەندىكى يەنە بىر خىتاي قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈپ، قۇرئان كەرىم كۆيدۈرۈلگەن بۇفىلىمنى تورغا تارقاتقان. بۇ بولسا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئۆي ـ ئۆيلەردىن يىغىۋېلىنغان قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈش جىنايىتىدىن كېيىنكى قۇرئان كەرىمگە ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلغان ھاقارىتى ھېسابلىنىدۇ.

■ 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سۇرىيىنىڭ دېرىزور ۋىلايىتى سۇسا يېزىسىدىكى بىر مەسجىد ئامېرىكا ئارمىيىسى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنغان، نەتىجىدە 70 نەپەر مۇسۇلمان خەلق ھاياتىدىن ئايرىلغان.

■ 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئوتتۇرىسىدىكى ئازوۋ دېڭىزىدا رۇسىيىنىڭ بىر دانە L ـ 39 تىپلىق مەشىق ئايروپىلانى چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئىككى نەپەر ئۇچقۇچى ئۆلگەن.

■ 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام جامائىتى ئەسىرگە چۈشكەن بىر ئىرانلىق گېنېرالنىڭ دۆلىتىدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغان سىن كۆرۈنۈشىنى تورغا قويغان. سىن كۆرۈنۈشىدە ئىران ئارمىيىسىدە 29 يىل خىزمەت قىلغان بۇ گېنېرال مۇنداق دېگەن: «مەن گېنېرال ئەبۇ ھەسەن سۇلايمان. مەن ھازىر ھەيئەتۇ تەھرىر شام جامائىتىدە ئەسىرلىكتە تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئىران ئارمىيىسىگە 29 يىل خىزمەت قىلدىم، شۇڭا سىلەر مېنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىشىڭلار كېرەك. مەن ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن».

■ 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن ھىرات ۋىلايىتىنىڭ شىندەند بازىسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىنغىماس ئەمەلىيىتىدە، مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىري فورمىسىنى كىيىۋالغان بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز بازىدىكى NATO ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، توماس بۇرۇشازكا ئىسىملىك بىر نەپەر ئەسكىري مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە نەپەر NATO ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

